# «ئۈچ چوڭ ھەرىكەت» يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تورىنى زىچ توقۇدى

**يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، 32 ـ قېتىملىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيىدا، ئاپتونوم رايونىمىز نۇقتىلىق سورۇنلارنى تازىلاش ـ تۈزەش، چاشقان ـ بۆرگىنى يوقىتىش، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ھەرىكەتنى يولغا قويۇشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كۈچ قوشىدىكەن.

«ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئېغىر، زور يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى بىر ئەنئەنىۋى ئەڭگۈشتەرى، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيىنىڭ ‹يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەن بار، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ماڭا ھەمراھ› باش تېمىسىغا بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى نۇقتىلىق سورۇنلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاجىز ھالقىلارغا دىققەت قىلىپ، پائالىيەت مەزمۇنىدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە مۇلازىمەت قىلىشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى.» ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى پىلان ـ تەرەققىيات ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى خۇاڭ ۋۇپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىدە دىققەتنى كارخانا، كەسپىي ئورۇن، مەھەللە، يېزا ـ كەنت، بازار، ۋوگزال، ئائىلە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش سورۇنلىرى ۋە ئاممىۋى قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ مۇھىتىنى تۈزەشكە نۇقتىلىق مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىپ، كۈندىلىك دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. يېزا رايونلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، كەنتلەرنى پاكىزلاش ھەرىكىتىنى مەركەزلىك قانات يايدۇرۇپ، ئۆلۈك بۇلۇڭ، قاراڭغۇ رايونلارنى تازىلاشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، «مەينەتچىلىكنى تازىلاش»نى «قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش»كە كېڭەيتىدۇ، كەنتلەرنى تازىلاشنى ئۆي ئىچىنى، ھويلا ـ ئارانى، كەنت ئەتراپىنى تازىلاشقا كېڭەيتىدۇ.

تەلەپ بويىچە، ھەرقايسى جايلار يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش داۋامىدا بايقالغان مۇھىت تازىلىقى مەسىلىسى، بولۇپمۇ كونا ئولتۇراق رايون، شەھەردىكى كەنت، شەھەر ـ يېزا تۇتاشقان ئورۇن، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، كىچىك يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى، ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكىنى، كۆچمە يايما قاتارلىق مۇھىت تازىلىقىنى باشقۇرۇشتىكى ئاجىز ھالقىلار ۋە ئۇزاقتىن بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بەزى «كونا، چوڭ، قىيىن» مەسىلىلەرگە قارىتا، ئۆز رايونىنىڭ پاكىز شەھەر ـ بازار بەرپا قىلىش، ساغلام شەھەر، ساغلام كەنت ـ بازار قۇرۇلۇشى، مەدەنىي شەھەر، مەدەنىي كەنت ـ بازار بەرپا قىلىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلە تىزىملىكىنى رەتلەپ تۇرغۇزۇپ، ۋاقتىدا تۈزىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈردى.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ئېيى پائالىيىتىدە يەنە دۆلەت بويىچە پاكىز شەھەر ـ بازار بەرپا قىلىش، ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تۈزەش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پائالىيەت مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق جەھەتتىكى ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇردى. خۇاڭ ۋۇپىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ھەرقايسى جايلار مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى ئاساس، دورا بىلەن دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروپ ئۆلتۈرۈشنى قوشۇمچە قىلغان كېسەل ۋاستىلىرىنىڭ بىئولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. ھەم ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆلۈك بۇلۇڭنى تازىلاش، يىغىلىپ قالغان سۇنى تۆكۈش، ھەم چاشقان يوقىتىش، سۆۋۈرەك يوقىتىش، پاشا يوقىتىش، چىۋىن يوقىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يېزىلاردا بۆرىگىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋاقىتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇسۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئورۇنلاشتۇرمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۆرگە يوقىتىش مەخسۇس ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانىغا ئۆزگەرتىشنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزىلاردىكى ئاممىنىڭ ھاجەتخانىغا كىرىشى قىيىن بولۇش، ھاجەتخانا تېپىشى تەس بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىشى كېرەك.

ھازىر، تيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرى، شەخسىي مۇداپىئە قوللانمىسى قاتارلىقلار كەڭ تەشۋىق قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، مەدەنىيەتسىز، تازىلىققا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ناچار ئادەتلەرنى تۈگىتىشكە يېتەكلىنىپ، ئاممىنىڭ مەدەنىي، ساغلام، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈشى تەشەببۇس قىلىنماقتا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ھەيدەكچىلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇرپان شەھىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى C دەرىجىلىك ياكى D دەرىجىلىك دەپ باھالاپ بېكىتكەن ئارخىپ تۇرغۇزۇلمىغان، كارتا بېجىرىلمىگەن، خەتەرلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان ئاھالىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قەرەلىدە پۈتكۈزۈپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بارلىق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

تۇرالغۇ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش نامرات ئائىلىلەرنى دەل جايىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى. بۇ يىل، ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە تۈزىتىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي ئادا قىلىپ، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مەخسۇس كۆزىتىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»، 2019 ـ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى باھالاش، ۋەۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش قاتارلىق قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قەرەللىك ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈزەتكەنلەرنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا مەسىلىلەرنى پۈتۈنلەي ھەل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش خىزمەت مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر قېتىملىق كۆزىتىش، نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈش، باھالاش، ئىقتىسادىي تەپتىش قىلىشتا قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى سىجىل مۇستەھكەملەيدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، بۇلتۇر يىل ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي 2 مىليون 612 مىڭ 700 ئائىلىلىك يېزا ئەمەن ئۆي قۇرۇلۇشى قىلغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتا مۇھىمى بوشاشماي كۆرەش قىلىش، قىممەتلىك بولغىنى قەتئىي بوشاشماسلىق. كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىشتىكى يوشۇرۇن تۆھپىنى تەدرىجىي توپلىغاندىلا، ئاندىن تاغلار قاتمۇقات يېشىللىققا پۈركەنگەن، تاغ ـ دەريالار سۈرەتتەك گۈزەل تۈسكە كىرگەن روشەن تۆھپىنى يارىتالىغىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىر تەرەپتىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار باشلامچى بولۇش، پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى ھەممەيلەن ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئۆزىدىن باشلاشقا، ھازىردىن باشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ ۋە يېتەكلەپ، بىرلىكتە ۋەتىنىمىز زېمىنىنىڭ يېشىللىشىشى، گۈزەللىشىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك؛ يەنە بىر تەرەپتىن، تۈزۈم كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نازارەت قىلىش ـ چەكلەش بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش ـ كاپالەتلەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ۋە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرۈپ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئېكولوگىيە ئۈنۈمى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، جەمئىيەت ئۈنۈمىنى تۇتاشتۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بىر يىللىق پىلان بىلەن زىرائەت تېرىغىلى بولىدۇ؛ ئون يىللىق پىلان بىلەن دەرەخ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. يېشىل ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق، گۈزەل شىنجاڭنىڭ چوققۇم تاغلىرى يېشىللىققا پۈركىنىدۇ، سۈزۈك سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدۇ، ھاۋاسى دائىم ساپ بولىدۇ.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

---




# ۋۇ ۋېيبىن: يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى قەھرىمان جەڭچى



ۋۇ ۋېيبىننىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر مېي شىشيۇڭ)** يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، قۇرۇقلۇق ئارمىيە 82 ـ جىتۇەنجۈنىنىڭ مەلۇم بىرىكمە لۈيى بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى تۇتۇپ، بىر قولدا ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشنى تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ھەربىي مەشىققە بولغان تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈپ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىن ئىبارەت «ئىككىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك»نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردى.

2008 ـ يىلى، بۇ لۈينىڭ ئاساسى ـــ سابىق جىنەن ھەربىي رايونى «يى تىڭ مۇستەقىل تۈەنى» سىچۈەن دۇجياڭيەنگە بېرىپ يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا قاتناشقان. 26 ياشلىق شىگۇەن ۋۇ ۋېيبىن ئۇ يەردە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە قۇربان بولغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ۋۇ ۋېيبىن ھايات ۋاقتىدا تۇرغان لىيەندۈي ھەر ھەپتىدە «ۋۇ ۋېيبىندىن ئۆگىنىشتىكى بايراقدار جەڭچى»نى باھالايدۇ، ھەر ئايدا «ۋۇ ۋېيبىنچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»نى باھالايدۇ. ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلى، ۋۇ ۋېيبىن قۇربان بولغان خاتىرە كۈن قاتارلىق مۇھىم كۈنلەردە، لىيەندۈي كوماندىر ـ جەڭچىلەرنى پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاشقا، فىلىم «پولاتتەك جەڭچى ۋۇ ۋېيبىن»نى كۆرۈشكە تەشكىللەپ، قەھرىمانى ياد ئېتىپ، جەڭگىۋارلىقنى ئۇرغۇتىدۇ.

ۋۇ ۋېيبىن خېنەن ئۆلكىسى دېڭجوۋ شەھىرىدىكى ھەربىي ئىشلارغا مايىل بىر يېزا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا ھەربىي گازارمىغا بەك ئىنتىلەتتى. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندە، ئۇ خېنەندىكى بىر داشۆنىڭ ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان، ئەمما ئۇ كەسكىنلىك بىلەن ئەسكەر بولۇشنى تاللىغان.

ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن، ۋۇ ۋېيبىن سابىق جىنەن ھەربىي رايونى «يى تىڭ مۇستەقىل تۈەنى»نىڭ 1 ـ يىڭ 2 ـ لىيەنگە تەقسىم قىلىنغان ـــ بۇمۇ قىزىل ئارمىيەنىڭ ئۇزۇن سەپىرىدە «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزدىن ئىگىلىگەن 22 ئەزىمەت» بارلىققا كەلگەن لىيەندۈي ئىدى.

ۋۇ ۋېيبىن ھەربىي ماھارەتنى جاپالىق مەشىق قىلىپ، ھەربىي ئىشلار بىلىمىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ھەربىي بولۇشقا ئىرادە باغلىغان.

2003 ـ يىلى 5 ـ ئايدىكى كەسپىي باھالاشتا، ئاران ئۈچ ئاي مەشىقنى قوبۇل قىلغان ۋۇ ۋېيبىن زەمبىرەكچىلەر كەسپىنىڭ بارلىق ئاساسىي مەشىق مەزمۇنىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئارقىدىنلا ئۆتكۈزۈلگەن پۈتۈن تۈەننىڭ «پولات ئارمىيە لوڭقىسى» ھەربىي ئىشلار ماھارەت سىنىقىدا، ئۇ باتۇرلۇق بىلەن «زەمبىرەكچىلەرنىڭ تېز قارىغا ئېلىش تۈرى»دە 1 ـ لىكنى قولغا كەلتۈرگەن.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، «لۇدىڭچياۋ كۆۋرۈكىنى تېزدىن ئىگىلەش غەلىبە خاتىرە كۈنى»، شۇنداقلا «قىزىل 2 ـ لىيەن» «يېڭى مەزگىلدىكى 22 ئەزىمەت»نى باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدىغان كۈن.

پائالىيەت قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، سايلانغان «ئەزىمەت»لەرنىڭ ھەممىسى پېشقەدەم ئەسكەرلەر ئىدى، بۇ تارىخنى ۋۇ ۋېيبىن 2003 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئۆزگەرتكەن، يېڭى ئەسكەر ۋۇ ۋېيبىن لىيەندۈي تارىخىدىكى تۇنجى يېرىم يىللىق ھەربىي ئىستاژى بىلەن سايلانغان «يېڭى مەزگىلدىكى 22 ئەزىمەت».

2005 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ۋۇ ۋېيبىن پۈتۈن تۈەن بويىچە 1 ـ بولۇشتەك نەتىجە بىلەن ئازادلىق ئارمىيە ئۇچۇر قۇرۇلۇشى داشۆسى ئۆلچەش ـ سىزىش شۆيۈەنىنىڭ شىگۇەنلەر مەخسۇس كۇرس سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، ھەربىي مەكتەپكە كىرىش ئارزۇسىغا يەتكەن.

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە، ۋۇ ۋېيبىن تۇرۇشلۇق قىسىم جىددىي ئاتلىنىپ سىچۈەندىكى يەر تەۋرەش ئاپەت رايونىغا بېرىپ، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالغان، ئەسلىدە لىيەندۈي تەرىپىدىن لىيەندۈينى ساقلاشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋۇ ۋېيبىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن جەڭگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئاپەت رايونىغا ئاتلانغان.

ئاپەت رايونىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ۋۇ ۋېيبىن ۋە سەپداشلىرى باشتىن ـ ئاخىر يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان. ئاممىنى يۆتكىگەندە، ئۇ يۈدۈپ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان؛ چۈشۈپ كەتكەن ئايروپىلاننى ئىزدەشتە، ئۇ جاپادىن ـ خەتەردىن قورقماي، ئىلگىرى ـ كېيىن ئۈچ قېتىم تاغ ئېتىكىگە دوملاپ چۈشكەن؛ ئاپەتتىن كېيىنكى قايتا قۇرۇشتا، ئۇ بىر ئادەم بىر قانچە ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلغان، بەدىنىنىڭ كۆپ يېرى تىلىنىپ يارىلانغان. لېكىن ئۇ ئىنچىل تەر تۆكۈپ جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان، جان پىدالىق بىلەن ئىشلىگەن، ئەزەلدىن ھاردىم ـ تالدىم دېمىگەن.

ۋەزىپە ئىجرا قىلىش جەريانىدا، ۋۇ ۋېيبىن باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ جاپالىق، ئەڭ ھارغۇزىدىغان كۆرەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە چىڭ تۇرغان، سەپداشلىرى تەرىپىدىن «بۇزۇلماس ئەتۈرگە» دەپ ئاتالغان.

6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، لىيەندۈي بۇيرۇققا بىنائەن ئاپەت رايونىدىكى ئاممىغا ياردەملىشىپ تاختا كارىۋات قۇراشتۇرغان، ۋۇ ۋېيبىن ۋىنتىنى چىڭىتىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى تالىشىپ ئۈستىگە ئالغان، پەلىيى ئۇپراپ يىرتىلىپ كەتكەندە، «پەلەي كىيمەي مەشغۇلات قىلغان»لىقتىن قولىنىڭ ھەممە يېرىگە قانلىق قاپارتما چىقىپ كەتكەن. سەپداشلىرى ئۇنى دەم ئېلىشقا ئۈندىگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «ھېچقىسى يوق، بىز كارىۋاتنى بىر مىنۇت بالدۇر قۇراشتۇرۇپ بولساق، ئاممىلار بىر مىنۇت ئاز تارتىدۇ».

بىر كۈندە، پۈتۈن لىيەن 800دىن ئارتۇق تاختا كارىۋات قۇراشتۇرغان، ۋۇ ۋېيبىن ئۆزى يالغۇز 50 نەچچە كارىۋات قۇراشتۇرغان، 1400دىن ئارتۇق ۋىنتىنى چىڭىتقان. سەپداشلىرى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېز قىلدىڭىز دەپ سورىغاندا، ئۇ قانلىق قاپارتما بولۇپ كەتكەن قولىنى كۆتۈرۈپ پەخىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېگەن: «قاراڭلار، بىزنىڭ پولات ئارمىيەدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر جۈپ پولات قول بار!».

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، ئۇدا بىر قانچە كۈن ھېرىپ ـ چارچىغان ۋۇ ۋېيبىن بىلەن سەپداشلىرى يەنە بىر قېتىم كۆچمە تاختا ئۆينى چۈشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان. ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن ۋاز كېچىپ، يەنە باشقا بەندىكى سەپداشلىرىنىڭ چۈشۈرۈشىگە ياردەم بەرگەن. شۇ كۈنى كەچ سائەت 9لاردا، ۋۇ ۋېيبىن ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەچكە ئۆپكىسى قاناپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان.

شۇ كۈنى، ۋۇ ۋېيبىننىڭ داشۆنى پۈتكۈزۈش دىپلومىنى ئېلىشىغا پەقەت 12 كۈن قالغانىدى.

شۇ يىلى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى قەھرىمان جەڭچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى بەرگەن.

---

# چېن داگۇي: چياڭزۇ مىللىتىدىن چىققان قەھرىمان ھاياتى ئارقىلىق ساداقىتىنى پۈتتى



چېن داگۇينىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار جاڭ مىي، لى بىڭفېڭ)** چېن داگۇي، چياڭزۇ مىللىتىدىن، سىچۈەن ئۆلكىسى مىيەنياڭ شەھىرى بېيچۈەن چياڭزۇ ئاپتونوم ناھىيەسى لېيگۇ بازىرى چېنشيەن كەنتىدىن. 1982 ـ يىلى 11 ـ ئايدا تۇغۇلغان، 2001 ـ يىلى 3 ـ ئايدا پارتىيەگە كىرگەن، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ھەربىي سەپكە كىرگەن، 2005 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 2 ـ توپچىلار قىسمى قۇرۇلۇش شۆيۈەنىنى پۈتكۈزگەن، ھايات چېغىدا مەلۇم لۈ تېخنىكا شۆبە ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن لىيەن دەرىجىلىك پەيجاڭى بولغان، جۇڭگو ھەربىي ئۇنۋانىغا ئىگە، ئىلگىرى شەرەپ بىلەن بىر قېتىم 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن. 2008 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت چېن داگۇيگە «مەملىكەت بويىچە يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى نەمۇنىچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەرگەن.

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ۋېنچۈەندە پەۋقۇلئاددە زور يەر تەۋرەش يۈز بەرگەن. ئۆيىدە توي قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان چېن داگۇي، خەتەردىن قورقماي، كەنت ئاھالىلىرىنى چېكىنىشكە تەشكىللىگەن.

«يەر تەۋرىدى! تېز قېچىڭلار ـــ» كەنت ئاھالىلىرى ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان. چېن داگۇي تېزلىكتە تۆت ئەتراپقا سەپسېلىپ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تاغ گەۋدىسىدە سىيرىلىش يۈزبەرمىگەنلىكنى بايقاپ، دەرھال قولدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆپچىلىككە مۇنداق ۋارقىرىغان: «تېز، تېزدىن ئاۋۇ تەرەپكە قېچىڭلار!» ئون نەچچە مېتىر يۈگۈرگەندىن كېيىن بىر ئۆستەڭ كۆپچىلىكنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان. چېن داگۇي تېزلىكتە ئۆستەڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاممىنىڭ ئۆستەڭدىن ئۆتۈشىگە ياردەملەشكەن. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر كىشىلەر توپىنىڭ ئارقىسىدا قىستىلىشىپ تۇراتتى. ۋاقىت ـــ ھاياتلىق دېمەكتۇر. چېن داگۇي ئائىلىسىدىكىلەرگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئەتراپىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى بىردىنبىردىن كۆتۈرۈپ ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزگەن.

دەل مۇشۇ پەيتتە، غايەت زور لاي ـ شېغىللىق ئېقىن شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، چېن داگۇي بىر ئائىلىلىك بەش جان بىلەن باشقا تۆت كەنت ئاھالىسىنى يۇتۇپ كەتكەن. كەنت ئاھالىلىرى ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ كېيىنكى ھاياتىمىز داگۇينىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن، قولىمىز بىلەن كولاپ بولسىمۇ ئۇنى كولاپ چىقىشىمىز كېرەك.» يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىكنىڭ بىر چېتىدە، ئۇلار چېن داگۇينىڭ بىر قىسىم شەرەپ گۇۋاھنامىلىرى ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كولاپ چىققان، بۇ چېن داگۇي يۇرتداشلىرىغا قالدۇرغان مەڭگۈلۈك خاتىرە بولۇپ قالغان.

قەلبتە روھ بولسا، ئاياغ ئاستىدا يىلتىز بولىدۇ. چېن داگۇينىڭ قىسمىدا پەيجاڭ بولغان ئۈچ يىلغىلا نەزەر سالساق، بىر ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ شانلىق ئوبرازىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ ـــ

2006 ـ يىلى ئەتىيازدا، قىسىم تۇرۇشلۇق ئورۇندا ئورمان زور ئوت ئاپىتى يۈزبەرگەن، چېن داگۇي بۇيرۇققا بىنائەن ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باشلاپ ئوت كەتكەن مەيدانغا يېتىپ بارغان، جەڭچى ليۇ چىڭخۇا ئوت ئىچىدە قامىلىپ قېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئوكسىگېن يېتىشمەي تۇنجۇقۇپ، ئوت دېڭىزىدا ھوشىدىن كەتكەن. خەتەرلىك پەيتتە، چېن داگۇي خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي ئوت ئارىسىغا ئېتىلىپ كىرىپ، شياۋ ليۇنى بىخەتەر جايغا يۆدۈپ چىققان...

2008 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا زور كۆلەملىك قار ـ يامغۇر، توڭ ئاپىتى يۈزبەرگەن. چېن داگۇي تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ، ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى باشلاپ مەشىق مەيدانىغا بېرىپ، يىغىلىپ قالغان قارنى تازىلىغان. لاپاس تۇيۇقسىز گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندە، جەڭچى گاۋ شىنۋېي دەل لاپاس تېگىدە ئىدى. چېن داگۇي ئېتىلىپ بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن گاۋ شىنۋېينى ئارقىغا ئىتتىرگەن... گاۋ شىنۋېي ئازراقمۇ زەخىملەنمىگەن، چېن داگۇي قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەچكە، ئۆرۈلگەن پولات چۇۋۇق پاقالچىقىنى بېسىۋېلىپ، قان توختىماي ئاققان...

2008 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، يىلق بازىنى نىقابلاشقا تەشكىللگەن. بىر لىق قۇم ـ شېغىل قاچىلانغان ئۆزى تۆكىدىغان ئاپتوموبىل تېز سۈرئەتتە كەينىگە يانغان، چېن داگۇي بىر جەڭچىنىڭ ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدە نىقابلاش تورىنى رەتلەۋاتقانلىقىنى بايقىغان. سوقۇلۇپ كېتەي دېگەندە داگۇي ئۈنلۈك ئاۋازدا: «نېرى تۇر!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە، ئۇ ۋاقىتتەك ئېتىلىپ بېرىپ، بۇ جەڭچىنى بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتكەن، ئۆزىنىڭ ئوڭ بىلىكى سوقۇلۇپ، ئوڭ مۈرە بىلەك بوغۇمى چىقىپ كەتكەن...

«قەيەردە خەتەر بولسا شۇ يەردە پەيدا بولغاندىلا، كومپارتىيە ئەزاسى دېگەن نامغا يۈز كەلگىلى بولىدۇ!» چېن داگۇي ئۆگىنىش خاتىرىسىنىڭ تىتۇلىغا مۇشۇنداق بىر جۈملە سۆزنى يازغان.

بۈگۈنكى كۈندە، چېن داگۇينىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدى تاغ گۈللىرى بىلەن تولدى. بۇ يەردىكى كىشىلەر چېن داگۇينى مەڭگۈ ئېسىدە ساقلايدۇ، چۈنكى ئۇ ھاياتى ئارقىلىق «پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمەن» دېگەن پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، بىر ئىنقىلابىي ھەربىينىڭ پارتىيەگە بولغان چەكسىز ساداقىتىنى پۈتۈن چىققان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)